# ھارام مال بىلەن ھەج قىلىشنىڭ ھۆكمى

[ الأويغورية - ئۇيغۇرچە - uyghur ]


**پەزىلەتلىك** شەيخ ئەبدۇلئەزىز ئىبنى ئابدۇللاھ ئىبنى باز

تەرجىمە قىلغۇچى: سەيپىددىن ئەبۇ ئابدۇلئەزىز

تەكشۈرۈپ بېكىتكۈچى: نىزامىددىن تەمكىنى



2013 - 1434

IslamHouse.com

# حج بمال حرام

« باللغة الأويغورية »

فضيلة الشيخ عبد العزيز بن عبد الله بن باز

ترجمة: سيف الدين أبو عبد العزيز

مراجعة: نظام الدين تمكيني

2013 - 1434

IslamHouse.com

# هارام مال بىلەن ھەج قىلىشنىڭ ھۆكمى

48986- نومۇرلۇق سوئال

سوئال:

كىلىش مەنبەيى ئېنىق بولمىغان ياكى هارام مال بىلەن هەج قىلغان كىشىنىڭ هەجى توغرا بولامدۇ، بولمامدۇ؟، بۇ هەقتە چۈشەنچە بېرىشىڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن.

جاۋاپ:

بارلىق گۈزەل مەدھىيىلەر ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان ئاللاھقا خاستۇر.

كىلىش مەنبەيى ئېنىق بولمىغان ياكى هارام مال بىلەن هەج قىلغان كىشىنىڭ هەجى توغرا بولىدۇ. يەنى ئۆزىگە پەرز قىلىنغان هەج ئىبادىتىنى ئادا قىلغان بولىدۇ، لېكىن ئۇنىڭ هەجى تولۇق قوبۇل قىلىنغان هەج بولمايدۇ. چۈنكى هارام پۇل بىلەن قىلغان هەجنىڭ ساۋابى ۋە پەزىلىتى شۇنىڭغا لايىق بولىدۇ. 34517- نومۇرلۇق سوئالنىڭ جاۋابىغا مۇراجىئەت قىلىنسۇن.

ئىمام نەۋەۋىي رەھىمەھۇللاھ "ئەلمەجمۇئ" ناملىق ئەسىرى 7- توم62-بەتتە مۇنداق دەيدۇ: "كىلىش مەنبەيى ئېنىق بولمىغان ياكى هارام مال بىلەن هەج قىلغان كىشىنىڭ هەجى توغرا بولىدۇ، ئۇنىڭ بىلەن ئۆزىگە پەرز قىلىنغان هەج ئىبادىتى ئادا بولىدۇ. كۆپلىگەن پىقھىشۇناس ئالىملار بۇ قاراشتا بولغان".

پىقھى مەسىلىلەر توپلىمى 17-توم131-بەتتە مۇنداق دېيىلگەن: "كىلىش مەنبەيى ئېنىق بولمىغان ياكى بۇلاڭ-تالاڭ قىلىنغان پۇل بىلەن هەج قىلغان بولسا، سىرتقى هۆكۈمدە ئۇنىڭ

قىلغان ھەجى توغرا بولىدۇ. لېكىن ئۇ كىشى ئاسىيلىق قىلغۇچى بولۇپ، قىلغان ھەجى تولۇق قوبۇل قىلىنغان ھەج دەپ قارالمايدۇ. مانا بۇ كۆزقاراش ئىمام شافىئى، ئىمام مالىك، ئىمام ئەبۇ ھەنىپە ۋە ئۇنىڭدىن باشقا ئىلگىرى ۋە كېيىنكى كۆپچىلىك ئالىملارنىڭ قارىشىدۇر.

ئىمام ئەھمەد ئىبنى ھەنبەل: ھارام مال بىلەن قىلىنغان ھەج توغرا بولمايدۇ، دەپ قارايدۇ. يەنە بىر قاراشتا: ھاراملىق بىلەن دۇرۇس بولىدۇ، دېگەن.

پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: «ئۇزۇن سەپەر قىلغان، چاچلىرى چۇۋۇق، چاڭ-توزانغا مىلەنگەن، ئىككى قولىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ ئاسمانغا قاراپ: ئى پەرۋەردىگارىم! ئى پەرۋەردىگارىم! دەپ دۇئا قىلغان كىشىنى بايان قىلىپ، ئۇنىڭ يېمەك-ئىچمىكى، كىيىم-كېچەكلىرى ھارامدىن تۇرسا، ئۇنىڭ دۇئاسى قانداقمۇ ئىجابەت قىلىنسۇن.» [مۇسلىم رىۋايىتى].

پەزىلەتلىك شەيخ ئىبنى باز رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: ئۇ كىشى ھەج پائالىيىتىنى ئاللاھ ۋە ئاللاھنىڭ رەسۇلى كۆرسەتكەن بويىچە ئادا قىلغان بولسا، قىلغان ھەجى توغرا بولىدۇ، لېكىن مەزكۇر پەرز ئىبادەتنى ھارام مال بىلەن ئادا قىلغانلىقى ئۈچۈن گۇناھكار بولىدۇ. ئۇ كىشى قىلمىشى ئۈچۈن ئاللاھ تائالادىن كەچۈرۈم تەلەپ قىلىشى كېرەك. مەزكۇر ئىبادەتكە ھارام مال سەرپ قىلغانلىقتىن ئۇنىڭ ھەجى تولۇق بولمايدۇ ئەمما ئۆزىگە پەرز قىلىنغان ھەج ئىبادىتى، پەرز بولۇش سۈپىتى بىلەن گەردىنىدىن ساقىت بولىدۇ. [شەيخ ئىبنى باز پەتىۋالار توپلىمى16-توم387-بەت].

سەئۇدى ئەرەبىستان ئىلمى تەتقىقات دىنى پەتىۋا تەشۋىقات كومىتېتى پەتىۋالار توپلىمى 11-توم 43-بەتتە مۇنداق دېيىلگەن: "گەرچە ھەجنى ھارام مال بىلەن قىلغان بولسىمۇ، ئۇ ھەجنىڭ ئادا بولىشىغا توسالغۇ بولمايدۇ شۇنداقتىمۇ ئۇ كىشى ھارامدىن مال توپلىغانلىقى ئۈچۈن گۇناھكار بولىدۇ. قىلغان ھەجى بىكار بولۇپ كەتمەيدۇ بەلكى ھەجنىڭ ساۋابى ۋە ئۇ سەۋەبلىك ھاسىل بولىدىغان پەزىلەت تولۇق بولمايدۇ.

ئاللاھ ھەممىدىن توغرىنى بىلگۈچىدۇر